# «ئىككىنى قوغداش» ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىككە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرايلى

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

خىزمەت جايلاردا، ئاچقۇچى مەركەزدە. بىزنىڭكىدەك بۇنداق چوڭ پارتىيە، چوڭ دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلىشتا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى قوغداش ئىنتايىن مۇھىم، پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

««ئىككىنى قوغداش» ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىككە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك»، 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى چوڭقۇر خۇلاسىلەپ، «ئىككىنى قوغداش»نىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئىزاھلاپ، «ئىككىنى قوغداش» سىياسىي ئاڭلىقلىقنى كۈچەيتىش توغرىسىدا مۇھىم ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ بىردەك ئىرادە ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىكىنى قوغداپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك ئىقتىدارى، ئىدىيەۋى يېتەكلەش ئىقتىدارى، ئاممىنى تەشكىللەش ئىقتىدارى، ئىجتىمائىي چاقىرىق ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش پارتىيەمىزنىڭ ماركسىزملىق پارتىيە بولۇشتىكى تۈپ تەلىپى. پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشى پارتىيەنىڭ تۈپ خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشى بولۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يۆنىلىشى ۋە ئۈنۈمىنى بەلگىلەيدۇ. پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىدىكى باش ۋەزىپە پۈتۈن پارتىيەنىڭ مەركىزىي كومىتېتقا بويسۇنۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قوغداشتۇر. پارتىيەنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئومۇمەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە ياخشى چىڭ تۇرغاندا، پارتىيە ئىشلىرى گۈللەنگەن، راۋاجلانغان؛ ئەكسىچە بولغاندا، پارتىيە ئىشلىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداش، پۈتۈن پارتىيەنىڭ بۇيرۇق، تەلىپىنى جەزمەن ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى.

«ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى پارتىيەمىزنىڭ مۇھىم، زور سىياسىي نەتىجىسى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىسى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «تۆت ئاڭ»، «ئىككىنى قوغداش»نى ئېنىق تەكىتلەپ، بىر قاتار ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. بىز پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى باش ئورۇنغا قويۇپ، بىر قاتار مۇھىم تۈزۈم خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئاڭلىق ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا توغرىلىنىشىغا، «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە كاپالەتلىك قىلدۇق؛ بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى قەيەرگە بارسا، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشمۇ شۇ يەرگىچە يېتىشىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، زور سىياسەت، فاڭجېنلارنى ئىجرا قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللارغا قارىتىلغان سىياسىي نازارەتچىلىكنى دائىملاشتۇردۇق؛ بىز پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى چىڭىتىپ، سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىنى چىڭىتىپ، توغرا بولغان ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشىنى تۇرغۇزۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي ئېكولوگىيەنى سەجىل ساپلاشتۇردۇق. پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىز، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش قىلالىشىمىزدىكى ئەڭ تۈپ سەۋەب، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يادروسى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادروسلىق ئورنىنى شەكىللەندۈرۈپ ۋە تىكلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغانلىقىمىزدا.

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. نىشانغا قانچە يېقىنلاشقانسېرى، ۋەزىيەت قانچە مۇرەككەپلەشكەنسېرى، ۋەزىپە قانچە مۈشكۈل بولغانسېرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى شۇنچە جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنىڭ كۈچلۈك مۇقىملاشتۇرغۇچلۇق رولىنى شۇنچە جارى قىلدۇرۇش كېرەك. پەقەت پۈتۈن پارتىيەدە يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىقنى قوزغىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىرادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قەدەمنى بىردەك ئېلىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغاندىلا، پارتىيەمىز ئالدىنى يېڭى كەيپىيات، يېڭى نەتىجە بىلەن ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى بىرتۇتاش ئالغا سىلجىتالايدۇ. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش كونكرېت بولىدۇ، «ئىككىنى قوغداش»نى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە نامايان قىلىش، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئەمەلىي ئۈنۈمىدە نامايان قىلىش، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ كۆڭۈلدىكى سۆز ـ ھەرىكىتىدە نامايان قىلىش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە جەزمەن ئاڭلىق ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغدايدىغان تۈرلۈك تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر سىياسىي مەيدان، سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي پىرىنسىپ، سىياسىي يولدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەك.

«ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەم ئەقلىي جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، ھېسسىيات جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈش، ھەم قوغداش ئىرادىسى ۋە ئىقتىدارى بولۇش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يادروسى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادروسلىق ئورنىنى قەتئىي قوغداپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، سىياسىي يۆنىلىشنى توغرا ئىگىلەپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي ئاساسنى مۇستەھكەملەپ، سىياسىي ئېكولوگىيەنى يېتىلدۈرۈپ، سىياسىي خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، سىياسىي خىسلەتنى مەڭگۈ ساقلاپ، سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىققاندا، چوقۇم پارتىيەمىزنىڭ باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تېخىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرما تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيان بىرمىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىغا ئىنتايىن رەھمەت ئېيتىدۇ ۋە ئۇنى قەدىرلەيدۇ. بىرما بىلەن جۇڭگونىڭ «قېرىنداشلارچە» دوستلۇقى دەۋر ئۆزگىرىشىنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈردى، پەقەت بىزلا ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشىنەلەيمىز. جۇڭگو ئىزچىل بىزنىڭ ياخشى دوستىمىز، تەقدىر بىز ئىككى تەرەپنى زىچ باغلىدى. بىرما تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن داۋاملىق جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى خالايدۇ. شى جۇشنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىنىڭ چوقۇم ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە يېڭى تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

شى جىنپىڭ بىرما ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ دوستانە قارشى ئالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ مېنىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن تۇنجى قېتىم بىرمىدا زىيارەتتە بولۇشۇم، شۇنداقلا بۇ يىلقى تۇنجى قېتىم زىيارەتكە چىقىشىم، ئىككى تەرەپ جۇڭگو بىلەن بىرما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى بىرلىكتە تەبرىكلەيدۇ ھەمدە بىر قاتار پائالىيەتلەرنى باشلايدۇ، بۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جۇڭگو تەرەپ بىرمىنىڭ ئۆزى تاللىغان تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىنى قەتئىي قوللايدۇ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى «قېرىنداشلارچە» دوستلۇقنى مۇستەھكەملەپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۈزلۈكسىز تېخىمۇ مول ماھىيەتلىك مەزمۇن قوشۇپ، جۇڭگو ـ بىرما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنى خالايدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە ياخشى مۇھىت ھازىرلىدى. 2020 ـ يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان يىل. دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، شەھەر رايونىنىڭ جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ ـ ئامان جۇڭگو، قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار بىر تەرەپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىر تەرەپنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى قوغداش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ھەرقايسى سىياسىي ـ قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى قوللاپ، سىياسىي ـ قانۇن ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى ياخشى تاللاپ كۈچلۈك سەپلەپ، سىياسىي ـ قانۇن خىزمىتىنى چەكلەۋاتقان تۈزۈلمە خاراكتېرلىك، مېخانىزم خاراكتېرلىك، سىياسەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىپ، سىياسىي ـ قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، تىرىشىپ پارتىيە ۋە خەلق ئىشىنىدىغان، تايىنىدىغان، خاتىرجەم بولىدىغان سىياسىي ـ قانۇن قوشۇنى قۇرۇش كېرەك.

مەركەز سىياسىي ـ قانۇن خىزمىتى يىغىنى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى گو شېڭكۇن يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى ھەم سۆزىنى يەتكۈزدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: سىياسىي ـ قانۇن ئورگانلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي ـ قانۇن خىزمىتىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئىچىدە ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى زىچ چۆرىدەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي ـ قانۇن خىزمىتى سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئومۇمىي تەلەپىنى پۇختا ئىگىلەپ، كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، ئىستراتېگىيەلىك، ئۇلۇغلۇق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى مەۋقە قىلىپ، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر مەنبەسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى تىزگىنلەش، تۈگىتىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى، شەھەر رايونىنىڭ جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش، سىياسىي ـ قانۇن ساھەسىدە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سىياسىي ـ قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىشنى كىرىش نۇقتىسى قىلىپ، سىياسىي ـ قانۇن خىزمىتىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ ـ ئامان جۇڭگو، قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىخەتەر سىياسىي مۇھىت، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى، ئادىل قانۇنچىل مۇھىت، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت مۇھىتى بەرپا قىلىش كېرەك.

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى جاۋ كېجى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى جوۋ چياڭ، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى جاڭ جۈن يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ بىرما تەرەپ رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا تىياتىرخانىغا كىرگەندە، نەق مەيداندا قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

ۋىن مىن بىلەن ئاڭشەن سۇجى ئايرىم ـ ئايرىم سۆز قىلدى.

ۋىن مىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىرما ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇق ئالاقىسى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللاردەك يېقىن ئۆتىدۇ، خۇددى يۈەنشۈەي چېن يى شېئىردا ئېيتقاندەك، «مەن دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، سىز دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا، بىر ـ بىرىمىزگە مېھرىمىز چەكسىز، تەڭ ئىچىمىز بىر دەريا سۈيىنى.» بىرما بىلەن جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 70 يىلدىن بۇيان، ئاجايىپ مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى قويۇق دوستانە ئالاقىدە بولدى، ئىككى دۆلەت ئورتاق تەشەببۇس قىلغان تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پىرىنسىپى خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي مىزانىغا ئايلاندى. رەئىس شى جىنپىڭ بىرما بىلەن جۇڭگونىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىغا 70 يىل بولغان پەيتتە بىرمىدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇپ، بىرما تەرەپ رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىدى، بۇ ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقىنى نامايان قىلىپلا قالماي، يەنە مۇقەررەر ھالدا 2020 ـ يىلنى بىرما ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى تارىخىدىكى يېڭى مۇھىم ئابىدىگە ئايلاندۇرىدۇ. بىرما تەرەپ بىرما بىلەن جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى دوستانە ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا داۋاملىق كۈچ چىقىرىدۇ. بىرما ـ جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىغا تىلەكداشمەن!

ئاڭشەن سۇجى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىرما ـ جۇڭگو رەھبەرلىرى ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيىتى ھەم بىرما ـ جۇڭگو مەدەنىيەت ـ ساياھەت يىلىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا بىرلىكتە قاتناشتى، بۇ بىر قۇتلۇق پەيت. بىرمىنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىدە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىرمىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتى جۇڭگو بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بىردەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. رەئىس شى جىنپىڭ يېڭى يىل كىرىشى بىلەن بىرمىدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى، بۇ بىرما بىلەن جۇڭگونىڭ تەقدىرداش ئورتاق گەۋدە بەرپا قىلىشقا كۈچ چىقىرىشىدىكى مۇھىم بىر قەدەم. بىرما تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنى پائال قوللايدۇ ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىدۇ، بىرما ـ جۇڭگو ئىقتىساد كارىدورى قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ كۆپ مول نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىز ئىككى دۆلەت ئادىمىيەت ئالاقىسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە چوڭقۇرلىشىشىنى، ئىككى دۆلەت دوستلۇقىنىڭ جەمئىيەت ئاساسىنىڭ كېڭىيىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى بىرما ۋە دۇنياغا تېخىمۇ زور پۇرسەت ئېلىپ كېلىدۇ. بىز جۇڭگو ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

شى جىنپىڭ سۆزى(سۆزىنىڭ تولۇق تېكىستى 2 ـ بەتكە بېرىلدى) دە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو بىلەن بىرما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ھەم جۇڭگو ـ بىرما مەدەنىيەت ـ ساياھەت يىلىنىڭ باشلانغانلىقىغا گۇۋاھ بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. بۇ جۇڭگو ـ بىرما دوستانە ئالاقىسىنىڭ شانلىق مۇساپىسىدىكى مۇھىم تارىخىي بەلگە، شۇنداقلا ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ كاتتا ئىشى. جۇڭگو ـ بىرما ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دوستانە ئالاقىسى مىڭ يىلدىن ھالقىپ، ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلدى. ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭۈل رىشتىسى تۇتاش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇشتەك چوڭقۇر ئاساسى ۋە قىممەتلىك ئەنئەنىسى بار. جۇڭگو ـ بىرما مەدەنىيىتىدە «رىشتە» سۆزىگە ئوخشاش ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئىككى دۆلەتنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى يېقىن، خەلقلىرى ئۆزئارا ئىناق، مەدەنىيىتى ئۆزئارا باغلىنىشلىق، قېرىنداشلىق مېھرى مىڭ يىلدىن بۇيان باشتىن ـ ئاخىر بىرخىل بولۇپ كەلدى، بۇ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە مەنبەسى. ئىككى تەرەپ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ۋە مەدەنىيەت ـ ساياھەت يىلى پائالىيىتىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، مەدەنىيلىكتە ئۆزئارا ئۆگىنەك ئېلىشنى كۈچەيتىپ، ئادىمىيەت ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ بىرما دوستلۇق ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ قاتناشقۇچى، نەپ ئالغۇچى، قوللىغۇچىنى يېتىشتۈرۈپ، ئىككى دۆلەت دوستلۇقىنىڭ جەمئىيەت ئاساسىنى مۇستەھكەملىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى دەۋردە جۇڭگو ـ بىرما مۇناسىۋىتىنى ئالغا سىلجىتىشتا، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. مەن زۇڭتۇڭ ۋىن مىن بىلەن جۇڭگو ـ بىرما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشقا بىردەك قوشۇلدۇق. بۇ مۇھىم سىياسىي ئورتاق تونۇش جۇڭگو ـ بىرما ئىككى دۆلەتنىڭ چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن، مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش بولۇشتەك ئالاھىدە مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بەردى، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشتەك قېرىنداشلىق مېھرىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنىڭ يېپيېڭى ئۇلۇغۋار پىلانىنى سىزىپ بەردى. ئىككى تەرەپ جۇڭگو ـ بىرما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى مىزان قىلىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى مۇھىم بىلىپ، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچنى مۇستەھكەملەپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنى مەڭگۈ ياخشى قوشنا، ياخشى دوست، ياخشى قېرىنداش، ياخشى ھەمراھ قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن بىرما ئورتاق تەشەببۇس قىلغان تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پىرىنسىپى خەلقئارا مۇناسىۋەت تارىخىدىكى مۇھىم، زور ئىجادىيەت. بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، خەلقئارا جەمئىيەت كۈندىسېرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، ئۆزئارا سىڭىشكەن تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىگە ئايلىنىۋاتىدۇ، ئەمما خەلقئارا مۇناسىۋەتتە ئادىل بولماسلىق، باراۋەر بولماسلىق قاتارلىق ھادىسىلەر يەنىلا ناھايىتى گەۋدىلىك، دۇنيا تىنچلىقنى قوغداپ، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە يەنىلا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. يېڭى ۋەزىيەتتە، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پىرىنسىپىنىڭ ۋاقتى ئۆتمىدى، ئەكسىچە ئۇزاق تارىخىي جەرياندا تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولدى. جۇڭگو تەرەپ بىرما تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پىرىنسىپىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قول تۇتۇشۇپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «قېرىنداشلىق مېھرى چوڭقۇر، دەريانىڭ مەنبەسى ئۇزۇن.» ئىشىنىمەنكى، ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، جۇڭگو بىلەن بىرمىنىڭ دوستانە ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىق تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئېقىنى چوقۇم مەنبەداش بولغان جۇڭگو لەنساڭجياڭ دەرياسى بىلەن بىرما يىلوۋادى دەرياسىغا ئوخشاش ئېگىز تاغ ۋە تىك چوققىلاردىن ھالقىپ، شىددەتلىك ئېقىن، خەتەرلىك ساھىللاردىن ئۆتۈپ، باشتىن ـ ئاخىر ئۆركەشلەپ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

سۆزدىن كېيىن، شى جىنپىڭ ۋىن مىن بىلەن بىرلىكتە كۇنۇپكىنى باستى، جۇڭگو ـ بىرما مەدەنىيەت ساياھەت يىلى رەسمىي باشلاندى.

ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى بىرلىكتە جۇڭگو ـ بىرما ئىككى دۆلەت سەنئەتكارلىرى ئورۇنلىغان ئېسىل نومۇرلاردىن ھوزۇرلاندى. مىللىيچە كىيىم كىيگەن بىرما سەنئەتكارلىرى ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەت بويىچە ياسالغان بوشۇك كۇنۇلۇكىنى كۆتۈرۈپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «بىرما»، «جۇڭگو» دېگەن ئىنگلىزچە ئىككى سۆزنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى. بوشۇك كۇنۇلۇكى خۇددى چىرايلىق گۈللەرگە ئوخشاش كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە «70» دېگەن سانىنى شەكىللەندۈردى، بۇ، جۇڭگو بىلەن بىرما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقىغا بولغان گۈزەل تىلەكلەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ، پۈتۈن مەيداندىكى تاماشىبىنلار قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

مۇراسىم باشلىنىشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ بىرما تەرەپ رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، جۇڭگو بىلەن بىرما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۈرەتلەر كۆرگەزمىسىنى كۆردى. سۈرەتلەر كۆرگەزمىسىدە جۇڭگو بىلەن بىرما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 70 يىلدىن بۇيانقى ئىككى تەرەپ ئالاقىسىدىكى تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر خاتىرىلەنگەنىدى. شى جىنپىڭ پات ـ پات توختاپ، چۈشەندۈرۈشنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەم تەپسىلىي كۆردى.

شۇ كۈنى كەچتە، شى جىنپىڭ بىرما فېدېراتسىيەسى پارلامېنتىنىڭ پارلامېنت باشلىقى، قوشۇمچە خەلق پالاتاسىنىڭ پالاتا باشلىقى دى كۇنمى ۋە مىللەتلەر پالاتاسىنىڭ پالاتا باشلىقى مەنۋىن كەيدەن بىلەن دوستانە سۆھبەتلەشتى ھەم بىرمىدىكى ئاساسلىق پارتىيەلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كوللېكتىپ سۈرەتكە چۈشۈپ، خاتىرە قالدۇردى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.